# كىتاب ۋە كىشەن

**(ھېكايە)**

ئابدۇسەمەد

ھەممە ياقتا ھۇۋشىۋاتقان رەھىمسىز شىۋىرغان خۇشاللىقىنىڭ ھۇزۇرىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەن بۇ مەھەللە خەلقىنىڭ ياداڭغۇ ۋە روھسىز تەنلىرىگە ئاچچىق سانجىلماقتا. مۇدھىش قارا بۇلۇتلار ئاي يورۇقىنى توسۇپ، مەھەللە ئاسمىنىنى زۇلمەت پەردىسى بىلەن قاپلاپ، تولىمۇ ۋەھىمىلىك بىر تۈسكە مەھكۇم قىلماقتا. قاياقلاردىدۇر «ماڭە! ماڭ دەيمەن!» دەپ قوپال ۋارقىراۋاتقان ئاۋازلار، «مېنى قويىۋېتىڭلار! مېنى قويىۋېتىڭلار!» دەپ توۋلاۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى، «مېنى نېمە قىلساڭلار مەيلى، ئايالىمنى قويۇپ بېرىڭلار! مانا مېنى تۇتۇڭلار!» دەپ تىركىشىشلەر، «ئانا! ئانا!» دەپ توۋلاۋاتقان يۈرەكنى ئەزگۈدەك دەردلىك پەريادلار بۇنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقان ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ ۋە تىترەك ئولاشتۇرماقتا ئىدى. لېكىن ئەپسۇس! ھەردائىمقىدەك، بۇنىڭغا جۈرئەتلىك ھالدا قارشى تۇرالايدىغان ھېچكىم چىقمايتتى. پەقەت قايسىبىر ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا بىر شائىر قەغەز يۈزىگە مۇنۇ مىسرالارنى يېزىپ ئولتۇرۇۋاتاتتى:

جۇت زىمىستان ۋەھىمە ئەيلەپ چاچتى شالىن ھەر تامان،
شۇل زىمىستان ۋەھىمىسىدە قالدى ئەنە يۇرت-ماكان.
ۋاقىتسىزلا چۈشتى يەرگە يوپۇرماقلار سارغىيىپ،
ھەم دەسسىلىپ پۇت ئاستىدا بولدى يەنە خەس سامان.

سورىدىم مەن يوپۇرماقتىن: «گۈزەل ئىدىڭ ياپيېشىل،
قېنى ئەمدى شۇ چاغلىرىڭ، نېچۈك ھالىڭ بەك يامان؟»
«ھەي بىلمىدىڭمۇ، ــ دېدى ئۇ، ــ زىمىستاننىڭ قەھرىنى،
ھەر تەرەپتە گۈركىرىشىپ ھۇۋلايدۇ ھەم شىۋىرغان.»

ئۆمەر ئاكا ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ ئەتراپقا ئېھتىياتچانلىق بىلەن نەزەر تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشىكنى ئاستاغىنا يېپىپ، ئۆيىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ، قاراڭغۇ بۇلۇڭدا شام ياندۇردى ۋە بىر بۇلۇڭغا تىقىپ قويغان كونا قۇرئاننى ئالدى-دە، ئەلەملىك بىر تۆۋەن ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى....

«سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟! سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر: ‹ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟› دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر»[1] دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، ئۆمەر ئاكا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. كۆز ياشلىرى قۇرئان سەھىپىلىرىگە سىرغىپ چۈشەتتى. ئۆمەر ئاكا ئىچ-ئىچىدىن كېلىۋاتقان بۇ ئەلەملىك يىغىدا قۇرئاننى داۋاملىق ئوقۇشقا تاقىتى يەتمەي سەجدىگە يىقىلدى. ئىككى يىلدىن بېرى تىمتاسلىق، غېرىبلىق ۋە يالغۇزلۇق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ سوغۇق كەپىدە ئۇ دەردىنى تۆكىدىغان ۋە ئۇنىڭ دەردىنى ئاڭلايدىغان، ئۇنىڭ قەلبىگە تەسەللى ئاتا قىلىدىغان يېگانە ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم قالمىغانىدى. ئۇ بىر ھازا قانغۇدەك يىغلاپ، ئىچىدىكى ئېچىنىشلىق ئەلەمنى ئازغىنە بولسىمۇ يېنىكلىتىۋالغاندىن كېيىن، بەش يىل بۇرۇن ۋاپات تاپقان ئايالى بىلەن جەننەتتە بىرگە بولۇشقا نېسىپ قىلىشىنى، ئىككى يىل بۇرۇن ئۆزىنىڭ جانجىگەر دوستى ئابدۇلئەزىزنىڭ ھىجرەت سەپىرىگە قوشۇپ قويغان ئوغلى مۇھەممەدكە ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەت، تەقۋالىق، ھىدايەت ۋە بەرىكەت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، ئاندىن ياستۇققا بېشىنى قويدى.

ــ جېنىم دادا، قارا! مەن بۇ باتۇر مۇجاھىد ئاكىلىرىم بىلەن بىللە، شىجائەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ۋەتىنىمىزنى ئازاد قىلدىم. جېنىم دادا، مەن سېنىڭ ماڭا قىلغان نەسىھەتىڭنى ھېچبىر ۋاقىت ئېسىمدىن چىقارماي، ئىزچىل ھالدا سېنى ۋە مەزلۇم خەلقىمىزنى بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىنىمسىز تىرىشتىم.

ئۆمەر ئاكا نەچچە مىڭلىغان نۇر يۈزلۈك مۇجاھىدلار سېپىدا ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى ئىشىك ئالدىدا تۇتۇپ تۇرغان ئوغلىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن

يۈگۈرۈپ بېرىپ ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى ۋە:

ــ بارىكاللاھ، يارايسەن ئوغلۇم! سەن ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈمىدىمنى ئاقلاپسەن. مەن مۇشۇ كۈننى كۆرۈش ئۈچۈن يىللاردىن بۇيان قانچە جاپالارغا باش ئەگمەي، سېنىڭ نۇسرەت بايرىقىڭنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتۈپ ياشاپ كەلگەن ئىدىم. مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن ئوغلۇم!

ئۆمەر ئاكا بۇ خاسىيەتلىك چۈشىنىڭ لەززىتىگە قانماي تۇرۇپلا ئىشىك قاتتىق تاقىلدىدى. «ئاچە! ئىشىكنى ئاچ دەيمەن. بولمىسا چېقىپ كىرىمىز!» دېگەن قوپال ۋارقىراشلار بىلەن ئۆمەر ئاكا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. بۇ قارا كۈننىڭ ئاخىرى ئۆزىنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىدىغان ئۆمەر ئاكا ئاللاھنىڭ سىنىقىغا تەن بېرىپ، ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىكتىن ئۇنىڭغا قورال تەڭلىگەن ھالدا رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇپ كىرگەن بىرنەچچە ياۋۇز ھايۋانلار ئۇنى تېزلىك بىلەن باغلاپ، ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ ماڭدى.

ھەممە ياقنى سۈر باسقۇزۇپ، قورقۇنچلۇق ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ ماڭغان بۇ تۆت چاقلىق ياۋۇز چىلبۆرە ھەش-پەش دېگۈچە ساقچى ئىدارىسىنىڭ سوراق بۆلۈمىگە كېلىپ توختىدى. ھەرقايسى ئۆيلەردىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئەلەملىك ۋارقىراش-چىرقىراشلار، ۋايجانلاشلاردىن ئۆتۈپ بىر سوراق ئۆيىگە ئېلىپ كىرىلگەن ئۆمەر ئاكا ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق كالتەك-توقماقلارنى راسا يېدى. تاياق زەربىسىدە پۈتىنى سۆرەشكىمۇ ماجالى قالمىغان ۋاقىتتا، يوغان قورساق، كۆزلىرىدىن قان تەپچىپ تۇرىدىغان بىر توڭگۇز تەلەت خىتاي كىرىپ، ئۆيغۇرچىنى بۇزۇپ سۆزلىگەن ھالدا:

ــ راس گېپىڭنى قىل! ئوغلۇڭ نەدە؟ ــ دەپ سورىدى. ئۆمەر ئاكا:

ــ بىلمەيمەن. ئويناپمەن دەپ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەن، ــ دېيىشىگە، ئۇ توڭگۇز تەلەت:

ــ نېمە؟ سەن مېنى دۆت، ئەخمەق كۆرۈۋاتامسەن؟! ــ دەپ، كۆز ئىشارەت قىلىشى بىلەنلا، ئۆمەر ئاكىغا كالتەك-توقماقلار يەنە يېغىشقا باشلىدى.

ــ قانداق، دەمسەن دېمەمسەن؟ بولمىسا بۇ يەردىن ئۆلۈكۈڭ چىقىدۇ!

ئۆمەر ئاكا بۇ قېتىم جاۋاب بەرمەسلىكنى مۇۋاپىق كۆردى بولغاي، كۆزىنى يۇمغىنىچە يەردە تولغىنىپ ياتاتتى.

— دېمەمسەن؟ يەنە خۇيسەنلىك قىلە! — دېيىش بىلەن تەڭ بەدىنىگە يېقىلغان توك كالتىكى بىلەن ئۆمەر ئاكا ھوشىدىن كەتتى.

بىر ۋاقىتتا يۇتىدىكى كىشەننىڭ يېنىك شاراقشىپ، يىغلاۋاتقاندەك ئاۋاز چىقىرىۋاتقىنىنى سەزگەندەك بولدى. ئۆمەر ئاكا بۇ ئوڭمۇ، چۈشمۇ ياكى خىيالمۇ پەرق ئەتكۈدەك ھالى قالمىغان، توغرىسى بېشى ۋە پۈتۈن بەدىنىنىڭ قاتتىق ئاغرىقىدا بۇنى بىلىپ بېقىشقىمۇ رايى بارمايتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ نېمىگە يىغلايسەن؟ — باشقىلار تەرىپىدىن دەسسىلىپ، خارلىنىپ، ۋاراقلىرى تىتما-تىتما بولۇپ كەتكەن، كونا، لېكىن قارىماققا ئىگىسى تولىمۇ قەدىرلەپ ساقلىغاندەك كۆرۈنىدىغان بىر كىتاب ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا تۆكۈۋېتىلگەن كىتاب دۆۋىسىدىن ئاستاغىنا كىشەننىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئون يىل بۇرۇن مۇشۇ ئۆمەر ئاكىنىڭ ئايالىنى رەھىمسىزلەرچە ئازابلاشقا مەجبۇرلانغان ئىدىم. بىچارە ئايال پەقەت «ئۇزۇن ياغلىق ۋە ئۇزۇن يوپكا كىيىپسەن. سەندە دىنىي ئاشقۇنلۇق باكەن!» دەپ، بازاردىلا خىتاي ساقچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرى تەرىپىدىن سۆرەشتۈرۈلگەندە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنىپ، قاتتىق تاياق-توقماق، زەربىلەرگە دۇچار بولغان ۋە بەدەنلىرى يالىڭاچلانغان ھالدا تۆرمىگە تاشلانغان ئىدى. ئۆزىنىڭ قاچان قويۇپ بېرىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، «ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇدۇڭ!» دەپ بەش يىل كېسىۋېتىلگەن ۋە مېنى بىچارە ئايالنىڭ يادىڭغۇ پۇتىغا بەند قىلىپ قويغان ئىدى. مەن ئۇ بەش يىل جەريانىدا تالاي قېتىملاپ ئۇنىڭ تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ خالىغانچە قول ئۇزىتىشلىرىغا، ھەتتا جىنسىي تاجاۋۇزغا زورلانغاندا كۈچىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئۇرۇلغان تاياق-توقماق، نازۇك يەرلىرىگە سانجىلغان توك كالتىكى سەۋەبلىك ھوشىدىن كەتكەنلىكىگە شاھىد بولغان ئىدىم. بەش يىللىق قىيىن-قىستاقلار سەۋەبلىك قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن دەرەخ شېخىدەك بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئۇ بىچارە ئايال تۆرمىدىن چىقىشتىن بۇرۇن مەجبۇرىي يېگۈزۈلگەن دورا سەۋەبلىك بىر نەچچە ئايدىلا ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، ئۆمەر ئاكا داۋالىتىش ئۈچۈن بارچە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئۈنۈم بەرمەي، ئاخىرى جان ئۈزگەن ئىدى. مانا ئەمدى، يولدىشى ئۆمەر ئاكىنى ئازابلاشقا مەجبۇر بولۇپ

تۇرۇۋاتىمەن.

ــ شۇنداق، پىچاق سۆڭەككە، ھەتتا سۆڭەكتىن ئۆتۈپ يىلىككە يەتتى. بۈگۈن دۇنيادا ئەڭ خار، ئەڭ مەزلۇم، ئەڭ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بۇ خەلقنىڭ بېشىدا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زۇلۇم-ئىستەم، قىرغىنچىلىق، ئازاب-ئوقۇبەت ئۆزىنىڭ رەھىمسىز قامچىسىنى ئويناتماقتا. سانسىزلىغان مەسجىدلەر خانىۋەيران قىلىندى، نەچچە مىڭلىغان قۇرئان ۋە مېنىڭ قېرىنداشلىرىم (دىنىي كىتابلار) خىتايلارنىڭ نىجىس ئاياغلىرى ئاستىدا بۇلغاندۇق. پاك-ئەفىفە ئاچا-سىڭىللار مەلئۇن خىتايلار تەرىپىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە پاھىشىخانىغا مەجبۇرىي سېتىلدى. يەنە نۇرغۇنلىرى خىتايلارنىڭ تۈرمىلىرىدە يالىڭاچلىنىپ، ئاۋۋال ئىپپىتىگە تاجاۋۇز قىلىنىپ، ئاندىن ھاياسىزلارچە ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، بەخت چېچەكلىرى توزىدى. مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ بىھۇدە قانلىرى ئاقتى. ئۆيلەر خانىۋەيران بولدى. باللار يېتىم بولۇپ، خىتايلارنىڭ تەربىيەلەش لاگېرلىرىدا ئىمان-ئېتىقادسىز، غۇرۇر-ۋىجدانسىز قىلىپ تەربىيەلىنىشكە مەجبۇرلاندى. لېكىن، دۇنيا بۇنىڭغا يەنىلا سۈكۈتتە! مىليونلىغان مەسۇم كىشىلەر تۈرمىلەردە دەھشەتلىك قىيىن-قىستاق بىلەن ئازابلانماقتا، بەدەنلىرى كاۋاپ قىلىنماقتا، سانسىزلىغان بوۋاقلار تېخى دۇنياغا كۆز ئاچماستىنلا ئۆلتۈرۈلۈپ، ھاجەتخانا ۋە ئەخلەتخانىلارغا تاشلانماقتا، لېكىن ئىنسانىيەت بۇنىڭدىن بىخەۋەر. بۇ زېمىندىكى ھەربىر كىشىنىڭ بېشىدا تۇتۇپ سولىنىش، خالىغانچە سۆرەپ ئېلىپ كېتىش، قاتتىق قىيىن-قىستاقلار بىلەن ئازابلاش، تۈرمىلەردە جان بەرگەنلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تۆھمەت-بۆھتانلار بىلەن ئاپىرىپ سولاپ، سېپىستىپ يوقىتىش ھەر ۋاقىت كۈتۈپ تۇرماقتا. قۇرئاندىكى «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر»[2] دېگەن ئايەتنى ھەممە تىلاۋەت قىلىشىدۇ. «مۇئمىنلەر بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشتە، بىر-بىرىگە رەھىمدىل بولۇشتا، بىر-بىرىگە مېھىر-شەپقەت قىلىشتا ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن بەدىنىگە ئوخشايدۇ. ئىنساننىڭ بىرەر ئەزاسى ئاغرىسا، پۈتۈن بەدەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىزىش بىلەن تەڭ دەرد تارتىدۇ»[3] دېگەن ھەدىسنى ھەممە بايان قىلىشىدۇ، لېكىن ھەر ۋاقىت تۈرمە قورقۇنچىسى، ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەت ۋە ئۆلۈم تەھدىتى ئىچىدە بىر مىنۇتمۇ خاتىرجەم ياشاشقا ئىمكان تاپالماي قان-قان يىغلاۋاتقان بۇ خەلقنىڭ زۇلۇمىنى يوقىتىش ئۈچۈن تىرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا دۇئا قىلىپ

قويۇشتىنمۇ ئاجىز كېلىۋاتقان دۇنيا مۇسۇلمانلىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ شەخسىي تەلىپى، راھەت-پاراغەت، ئارزۇ-ئىستەكلىرىنىڭ پېشىدە ئالدىراش.

ــ شۇنداق، مەن يۈز يىل مابەينىدە سانسىز قېتىملاپ ئاياللار، باللار، قېرىلار دەپ ئايرىماستىن بوغۇزلاش ۋە ئىچكى ئەزالىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ سىناق ئەۋرىشكىسى قىلىش ياكى سېتىشلارغا؛ ھايۋانلار كەبى ئاياقلىرىدىن ئېسىپ قويۇپ، ۋەھشىي ھايۋانلارنىمۇ دەھشەتكە سالىدىغان قورقۇنچلۇق، رەزىل ئۇسۇللار بىلەن بىرسى ھېرىپ قالسا، بىرسى نۆۋەتلىشىپ قىيناشلارغا؛ قولىدىكى كويزىغا دەسسەپ ۋارقىرىتىش، كويزىنىڭ ئۈستىگە كالتەك بىلەن ئۇرۇش؛ تۇرۇبا شىلانكىسى ۋە سىم قامچىلارغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن ئىتتىك جېنىنى ئالمايدىغان، ئەمما قاتتىق ئاغرىيدىغان جايلارغا ھارغۇچە ئۇرۇش، چاچ-ساقال، تىرناقلىرىنى يۇلۇش، ئىتقا تالىتىش، پۇت قوللىرىغا كويزا-كىشەن سېلىپ سۇ تۈرمىلىرىگە چىلاپ قويۇش، مۇزغا دەسسىتىش، ئايال مەھبۇسلارغا باسقۇنچىلىق قىلىش... قاتارلىق قەبىھ ۋە رەزىل ئۇسۇللار بىلەن ئازابلاشلارغا؛ ئەگەر ھايات قېلىپ كېسىلگەنلىرى بولسا يۇقىرىقى زۇلۇملاردىن باشقا يەنە ئەمگەك بىلەن «تەربىيەلەپ» ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىغا ئاپىرىلىپ تاغلاردا تاش چوقۇش، گەج-كېسەك، تاش زاۋۇتلىرىدا ئېغىر ئەمگەكلىرىگە سېلىشلارغا شاھىد بولدۇم. مېھىر-شەپقەت ھۆجەيرىسى پۈتۈنلەي ئۆلگەن تۈرمە ئەمەلدارلىرىنىڭ مەھبۇسلارنى تىللىغاندىكى ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان، كىشىنىڭ ئىززەت-غۇرۇرىغا تېگىدىغان تىل-ئاھانەتلىرىنى ھەتتا مەنمۇ تىلىمغا ئېلىشتىن نومۇس قىلىمەن. مەن ئۆزۈم شاھىد بولۇۋاتقان بۇ زۇلۇملارنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن بارچە تىرىشچانلىقىمنى كۆرسەتكۈم كېلىدۇ-يۇ، لېكىن رەھىمسىز خىتاي قانخورلىرىنىڭ بۇ تۆت تەرىپى پۇختا قورشالغان، مەخپىيەتلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان تۈرمە تاملىرىدىن سىرتقا ھالقىتىشىم مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. ئەجىبا، بۇ مىللەت مانا مۇشۇنداق قىرىلىپ تۈگەرمۇ؟ بۇلارنىڭ يورۇق تاڭنى كۆرىدىغان كۈنى يوقمىدۇ؟

ئۆمەر ئاكا بۇ سۆھبەتلەرگە ئىنتايىن ھەيران قالدى. كۆزىنى ئېچىپ بۇنىڭ راست ياكى ئۆزىنىڭ خىيالى ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كەلدىيۇ، لېكىن ئەگەر خىيالى بولۇپ قالسا بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن، ئەمەلىيەت بولۇپ بولسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، يەنىلا كۆزىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي،

ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ مىدىرلىماي ياتتى.

كىتاب كىشەننىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ:

ــ ياق، نۇرلۇق تاڭ ساباھىنىڭ ئىللىق نۇرى پات يېقىندا بۇ زېمىن ئەھلىنىڭ قەلبىگە ئۆزىنىڭ سائادەت ھۇزۇرىنى ئاتا قىلىدۇ. بۇ زېمىن ئەھلىنىڭ ۋۇجۇدى پىداكارلىق، زۇلۇمغا باش ئەگمەسلىك، ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، ۋەتىنى ۋە ئىززەت-نومۇسى ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشتىن ۋاز كەچمەيدىغان كۈچلۈك روھ بىلەن يۇغۇرۇلغان. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خەلقنىڭ ئەزىمەتلىك روھىنى سۈپەتلەپ: «تۈركلەر سىلەرگە چېقىلمىغۇچە، سىلەر تۈركلەرگە چېقىلماڭلار»[4] دېگەن. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەشەددىي رەقىبى، يەر يۈزىدىكى ئەڭ پەس ۋە نىجىس بولغان خىتايلارنىڭ بېشىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ھالدا ئۆزىنىڭ غەلىبە شەمشىرىنى ئوينىتىپ كەلگەن ــ دېدى.

بۇ كىشەنىنىڭ تۇغۇلغىنىغا تەخمىنەن 140 يىل بولغاچقا، يەنە كېلىپ، تۇغۇلغاندىن بۇيان ئىزچىل ھالدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەغلۇبىيەت، قىرغىنچىلىق، زۇلۇم-ئىستەملىرىنى كۆرۈپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، بۇ سۆزلەرگە ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

ــ ھەقىقەتەن راستمۇ؟ لېكىن مەن تۇغۇلغاندىن بۇيان ئىزچىل ھالدا بۇلارنىڭ سولغۇن چىرايى، ئۈمىدسىز كۆزلىرى، پۈكۈلگەن قەددى، ئاجىز ۋۇجۇدىنىلا كۆرۈۋاتىمەن، ــ كىتاب مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە:

ــ سەن پەقەت جىگەر پارىلىرىدىن ئايرىلغان ئانىلارنى، ئاتا-ئانىسىنىڭ مېھرىگە قانمىغان سەبىي بالىلارنى، پاك ۋۇجۇدى تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان ئەفىفە ئايالىلارنى، ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ بېشىغا نېمە كۈن كېلىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەۋاتقان چارىسىز ئاتىلارنى كۆردۈڭ خالاس. لېكىن سەن كۈرەش روھى لاۋۇلداپ يالقۇنلاۋاتقان تۈرمە سىرتىدىكى پىداكار ئەركەكلەرنى، بولۇپمۇ باشقا ئەركىن دىيارلاردا ئۆزىنى تاۋلاپ، تەربىيەلەپ ۋە كۈچلەندۈرۈپ، زەپەر دۇلدۇلىنى يۈگەنلەۋاتقان باھادىر ئەزىمەتلەرنى كۆرۈپ باقمىدىڭ. خۇددى مۇشۇ ئۆمەر ئاكىنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش، قەلبى قىساسقا تولغان نەچچە مىڭلىغان ئىزباسار ئوغلانلار ئۆزىنى پات يېقىندىكى قاتتىق كۈرەش ئۈچۈن ھازىرلىماقتا ــ دېدى.

كىشەن خۇشاللىقىدىن شاراقشىپ كەتتى. ئۆمەر ئاكىنىڭ يېغىر بولۇپ كەتكەن پۇتلىرى كىشەننىڭ شاراقشىشلىرى بىلەن ئېچىشىپ قاتتىق ئاغرىغان بولسىمۇ، يەنىلا چىداپ ئۈندىمەي ياتتى.

ــ ئۇنداقتا ئۇزۇن قالماي ئۇ باھادىر ئەركەكلەر كېلىپ ئۆمەر ئاكىنىڭ پۇت-قوللىرىدىكى مىنى چىقىپ، مىنى بۇ زالىم-قانخورلارغا ھەمشىرىك بولۇشتىن قۇتۇلدۇرغۇدەك- تە؟

ــ بەلكىم بۇنىڭغا بىر مەزگىل ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن.

ــ نېمىشقا؟ ــ كىشەننىڭ خۇشاللىقى نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ، ھەيران بولۇپ سورىدى، ــ باياتىن سەن «زەپەر دۇلدۇلىنى يۈگەنلەۋاتقان باھادىر ئەزىمەتلەرنى كۆرۈپ باقمىدىڭ» دەۋاتاتتىڭغۇ؟

ــ شۇنداق، بۇ بىتەلەي مىللەت ئىچىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر گەرچە زەپەر دۇلدۇلىنى يۈگەنلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ تارىخىي كۈچلۈك دۈشمىنىگە قارشى غەلبە ئامىللىرىنى تېخى تولۇق ھازىرلاپ بولالمىدى، ــ دېدى كىتاب ئۇلۇغ بىر كىچىك تىنىپ.

ــ ئۇنداقتا ئۇ غەلبە ئامىللىرى قايسىلار؟ ــ دەپ سورىدى كىشەن ئالدىراپ.

ــ بىرىنچىدىن، قەلبى ساپ ئىمان، تەۋرەنمەس ئېتىقاد، ئاللاھقا بولغان كۈچلۈك تەۋەككۇل روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان، ئۆزىنىڭ ئەزىز مىللىتى ۋە ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشى، ئۆتكۈنچى ھۇزۇر-ھالاۋىتىدىن كېچەلەيدىغان، ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەشنىڭ جاپا-مۇشەققەت، تىكەن-چاتقاللىرىغا بوي ئەگمەستىن، يېرىم يولدا توختاپ قېلىپ كەينىگە چېكىنمەستىن، دادىل قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان، قورقماس يۈرەك، يۈكسەك ساداقەتكە ئىگە بىر تۈركۈم پىدائىي ئەزىمەتلەر كېرەك. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى؛ ئاللاھ (ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ»[5]. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ئاللاھ چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر».[6]

ئىككىنچىدىن، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۆزىنى ئەسكىرىي، سىياسىي، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ جەھەتتىن كۈچلەندۈرۈشى، ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي قۇرۇلما ۋە تەشكىلىي گۇرۇپپىلارنى تەشكىللەشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ تەييارلاڭلار»[7]. «سۈرە ئەلەق»تىكى ئايەتلەردە بولسا مۇسۇلمانلارنى ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ ئارقىلىق كۈچلىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن»[8]، «ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر»[9] دېيىلگەن.

ئۈچىنچىدىن، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى چوقۇم ئىمانىي بىرلىك ھاسىل قىلىشى، ئۆزئارا مېھرىبان، دوستانە بولۇشى ۋە ساپ قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنى كەڭ يېيىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار».[10] ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «...ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ».[11]

چەتكە قېقىش، ئۆزىنى چوڭ ساناش، ئايرىمچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئۆز دۈشمىنىگە قارشى بارلىق قەۋمى-قېرىنداشلىرى، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرلىشىشكە تىرىشىشى، يۈكسەك غايە ئۈچۈن ئۆزئارا قۇسۇر-نۇقسانلىرىغا سەۋر قىلىشى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان مەزلۇملىرىنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن ياردەم قىلىشنى خالايدىغان ھەرقانداق سەمىمىي ۋە راستچىل شەخس ۋە كىشىلەر توپىغا ئالدى بىلەن دوستلۇق قولىنى سۇنۇشقا ۋە ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇشقا تىرىشىشى كېرەك.

ئەڭ مۇھىم نۇقتا شۇكى، بۇ بىرلىشىش سەمىمىيەت ۋە راستچىللىق ئاساسىدا بولۇشى كېرەك. دۇنيالىق غەرەز، سىياسىي مەنپەئەت ۋە ياكى بىردەملىك ھېسسىيات، ئۆزىنى نامايان قىلىش، كۈچ توپلاپ كۆز-كۆز قىلىش ئاساسىدا بىرلىشىشلەر ئازغىنە قىيىنچىلىق، كۆزلىگەن مەنپەئەتنىڭ ھاسىل بولماسلىقى ۋە سالاھىيەتنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكچىدەك غايىب بولىدۇ. ھەتتا ۋاقتى كەلگەندە بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلىدىغان، ئالدىدا قول تەڭلەپ، كەينىدىن تىغ ئۇرىدىغان، ئۆزى كۆتكەن پايدا-مەنپەئەتلەر قولغا كەلمىسە، ئەكسىچە

خائىنلىق قىلىدىغان ئېچىنىشلىق نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار»[12].

تۆتىنچىدىن، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۆز ۋەتىنىنىڭ بۈگۈنكى دەھشەتلىك ئەھۋالىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشقا، دۈشمەننى ئازايتىپ، دوستنى كۆپەيتىشكە، خىتايلار بىلەن بىرلىشىۋاتقانلارغا خىتاينىڭ ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسىنى تونۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ھەمكارلىق قولىنى تارتىشقا ئۈندەشكە، ئۇ مەنپەئەتداش ۋە ئىتتىپاقداشلارنىڭ ھېچ بولمىغاندا شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا ياردەم قىلالمىسىمۇ، خىتاينىڭ زۇلۇمىغا شېرىكلەشمەسلىكى، پايدا يەتكۈزەلمىسىمۇ، زىيان سالماسلىقى ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان كىشەن بۇ جەرياننىڭ تولىمۇ مۈشكۈل ئىكەنلىكى، تەرتىپلىك ۋە ئاقىلانىلىك بىلەن تۈزۈلگەن بىر سىياسىي پىروگراممىغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ:

— يۈز يىل مابەينىدە ئىمانىي، سىياسىي ۋە دۆلەتچىلىك تەربىيەسىدىن مەھرۇم قالغان ھەمدە چەتئەلدىكى مۇساپىرچىلىق ھاياتىدا بۇنى شەكىللەندۈرۈشى تولىمۇ قىيىن بولۇۋاتقان بىچارە خەلقنىڭ بۇ غەلىبە ئامىللىرىنى تېز پۇرسەتتە ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، بۇ ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش تولىمۇ مۈشكۈل بولغان، لېكىن بۇ دىيارنىڭ ھازىرقى ئېچىنىشلىق ھالىتىگە نىسبەتەن ئىنتايىن زۆرۈر ۋە جىددىي بولغان بىر ۋەزىپىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى يۇقىرىقى غەلىبە ئامىللىرىنى تېز پۇرسەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چىن ساداقەت بىلەن تىرىشىدىغان ۋە شۇنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان پىشقان بىر يېتەكچى رەھبەرگە موھتاج، — دېدى كىتاب. كىشەن بۇ رەھبەرگە تەشنا بولغان ھالدا:

— ئۇنداقتا ئۇ رەھبەردە قانداق قابىلىيەت ۋە سالاھىيەت ھازىر بولۇشى كېرەك؟ — دەپ سورىدى. كىتاب:

— بىرىنچىدىن، قول ئاستىدىكىلەرگە ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، مېھىر-شەپقەتلىك، ئەپۇچان، ئۇلارنى ھەر ۋاقىت دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ ھىمايە قىلالايدىغان، لېكىن دۈشمەنگە شىددەتلىك ۋە باتۇر، قەلبىگە قورقۇنچ سالالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ

ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ».[13] ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن».[14]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەمىر بىر قالقاندۇر، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوغدىنىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاللاھ ئەززە ۋە جەللىگە تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇسا ۋە ئادالەت بىلەن ئىش قىلسا، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەجىرگە ئېرىشىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا ئىشقا بۇيرۇسا، گۇناھى ئۆزىگە بولىدۇ».[15]

ئاللاھ تائالا پادىشاھ تالۇتنىڭ قوماندانلىق سۈپىتىنى بايان قىلىپ: «ئاللاھ ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە، بەدىنىنى بەستلىك قىلدى» دېگەن. [16]

ئىككىنچىدىن، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىشنى بىلەلمىگەن ۋاقىتتا سەممىي ئىلىم ئەھلى ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەرگە كەمتەرلىك بىلەن مەسلىھەت سالىدىغان بولۇشى كېرەك. ئاللاھ تائالا ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن».[17]

ئۈچىنچىدىن، ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ماھىر ۋە تەمكىن، دىپلوماتىك مۇئامىلىنى توغرا ھەل قىلالايدىغان، ئۆزىنى خار تۇتمايدىغان، ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالايدىغان، ھەرخىل سىياسىي ۋە ئەمەلىي كۈرەشلەرنىڭ مەنپەئەت ۋە زىيانلىرىنى توغرا ئايرىپ چىقىپ، ئەڭ پايدىلىق ھۆكۈم چىقىرالايدىغان، كۆپ ئىسسىق-سوغۇقلاردا تاۋلانغان، تەجرىبىلىك، سەگەك، زېرەك، كۈچلۈك سىياسىي ئاڭغا ۋە پەم-پاراسەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. قۇرئان كەرىمدىكى بىر ئايەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلارنىڭ بىرى ئېيتتى: <ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر>»[18]. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ ھېكمەتنى (ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ، ھېكمەت ئاتا

قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ»[19].
تۆتىنچىدىن، دۈشمەنگە قارشى تەييارلىق ۋە كۈچ-قۇۋۋەت توپلاش ئۈچۈن لازىم بولغان بارلىق تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھەربىر ساھەدىكى ئىلىملىك، قابىلىيەتلىك ۋە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى چەتكە قاقمايدىغان ۋە يەكلىمەيدىغان، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ۋە تۆھپىلىرىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن»[20]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[21].
بۇنى ئاڭلىغان كىشەن بىردەم سۈكۈتتە تۇرۇپ كىتابنىڭ سۆزلىرىنى ئويلىنىپ كەتتى ۋە بۇ سۈپەتلەرگە لايىق رەھبەرنىڭ چىقىشىنىڭ ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەسلىكىنى، ئەگەر ئاللاھ تائالا شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا رەھمەت قىلىپ، مۇشۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان بىر يېتەكچى رەھبەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ بەرسە، خەلقنىڭ ئۇنى قەدىرلەپ، قولىدىن كېلىشىچە ئۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ بېرىشى كېرەكلىكىنى؛ توغرا يولغا يېتەكلىسە ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپ قۇرۇپ، كۈچلۈك قۇۋۋەت شەكىللەندۈرۈشى، ئەگەر خاتالىشىپ قالسا نەسىھەت قىلىپ، ھېكمەتلىك ئۇسلۇب بىلەن سۆھبەتلىشىپ، كۈرەش تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ تېز، ساغلام ۋە ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. كىشەن كىتابنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى ھەققىدە بىردەم پىكىر قىلغاندىن كېيىن:
— ئەجىبا بۇ خەلقنىڭ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە يېتەكچى رەھبىرى يوقمۇ؟
ئۇلارنىڭ سۆھبىتى دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سوراقخانىنىڭ ئىككى چاكىرى كىرىپ، يەردە دۆۋىلىنىپ ياتقان قۇرئانلار، دىنىي ۋە ئۇيغۇرچە تارىخىي، سىياسىي كىتابلارنى گۈرجەك بىلەن تاغارغا ئۇسۇشقا باشلىدى. شۇ قاتاردا ئۇ كىتابنىمۇ بىر كونا تاغارغا قاچىلاپ ئەپچىقىپ كەتتى. كىشەن ئەلەملىك بىر ئۇھسىنغان ھالدا ئۇ تاغاردىكى قۇرئان ۋە كىتابلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.
يۇقىرىقى سۆھبەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنىق ئاڭلاپ تۇرغان ئۆمەر ئاكا باياتىنقى ئۇ دانا كىتاب ئېيتقان «زەپەر دۇلدۇلىنى يۈگەنلەپ، يات يېقىندا ئۆزىنىڭ

پۈت-قوللىرىدىكى كىشەننى چېقىش ئۈچۈن كېلىدىغان ئوغلى ۋە مىڭلىغان پىداكار ئوغلانلار»نىڭ تېزراق يېتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى تۈرۈسقا تىككىنىچە خىيالغا چۆمدى.

.....

ئارىدىن ئون نەچچە يىللار ئۆتتى. تۈرمىنىڭ رەھىمسىز قىيىن-قىستاق، ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئۆمەر ئاكىنىڭ بەقۇۋۋەت قەددى-قامىتىنى ئېگىپ، يىگىتلىك پەسلىنى خازان قىلىپ، پەقەت شۇ ئۈمىدلىك قەلبى ۋە روھىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر تېرە، بىر ئۇستىخىنىنىلا قالدۇرۇپ قويىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەن ئىللىق بىر قۇياشنىڭ تەپتى تۈرمە تېمىنىڭ كىچىككىنە بىر تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ ئۆمەر ئاكىنىڭ مەڭزىگە ئۆز نۇرىنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن چاچتى. ئۆمەر ئاكا ئىنتايىن ھەيران قالدى، چۈنكى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان تۈرمىنىڭ بۇ رەھىمسىز تېمى قۇياش نۇرىنىڭ كىرىشىگە ھېچ يول قويمىغان ئىدى. كۈچ-ماغدۇردىن پۈتۈنلەي كەتكەن ئۆمەر ئاكا سېخىي قۇياشنىڭ ئۆزىگە بېرىۋاتقان مېھىرلىك نۇرىدىن ھۇزۇرلىنىپ سوزۇلۇپ ياتقاندا، قاتتىق بىر زەربىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ چۇقان-سۈرەن، خۇشاللىق سادالىرى ياڭراشقا باشلىدى. ئۆمەر ئاكىنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى: «ئەجىبا، راستتىنلا ئاللاھنىڭ نۇسرىتى...».

ئۆمەر ئاكا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا بارغۇسى كەلدىيۇ، لېكىن شۇنچە تىرىشسىمۇ ياتقان يېرىدىن ئولتۇرۇشقا ئاران مادارى يەتتى. بىردىنلا ئۆزى ياتقان كامېرنىڭ ئىشىكىمۇ قاتتىق زەربە بىلەن ئۈرۈلدى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن، ئۆمەر ئاكا ئالدىدا تۇرغان قەددى-قامەتلىك، نۇر يۈزلۈك يىگىتنى كۆرۈپ يۈرىكى توك سوققاندەك جىغغىدە قىلىپ، داڭقېتىپلا قالدى. غۇۋا ئىشىك ئالدىدا ئۆزىنىڭ 20 نەچچە ياشلار ۋاقتىدىكى چىرايى ۋە تەقى-تۇرقىغا چاپلاپ قويغاندەك ئوخشايدىغان، قاملاشقان، زەبەردەس ۋە بەردەم بىر يىگىت ئۆزىگە قاراپ قېتىپ قالغاندەك تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ يىگىتمۇ كۆز ئالدىدىكى گەرچە ئورۇقلاپ ھەم ئاجىزلاپ، ئورنىدىنمۇ تۇرالمىغۇدەك كۈچ-ماغدۇرسىز ھالغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن چىرايى ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىر كىشىنى كۆرۈپلا، يۈرىكى ئەلەملىك بىر ئاغرىق ئازابىدا مۇجۇلۇپ كەتتى.

ــ ئوغلۇم، مۇھەممەدمۇ سەن؟
ــ دادا! ــ دېگەن چەكسىز خۇشاللىق بىلەن تەڭ ئېتىلىپ چىققان بۇ ئۇلۇغ نامنى توۋلىغانچە، مۇھەممەد ئۆزىنى دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى.

2023- يىلى 7- ئاينىڭ 16- كۈنى

**مەنبەلەر**


[1] سۈرە بەقەرە 214- ئايەت
[2] سۈرە ھۇجۇرات 10- ئايەت
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان
[4] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[5] سۈرە ئال ئىمران 146- ئايەت.
[6] سۈرە بەقەرە 249- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[7] سۈرە ئەنفال 60- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[8] سۈرە ئەلەق 1- ئايەت.
[9] سۈرە ئەلەق 3- ئايەت.
[10] سۈرە ئال ئىمران 103- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[11] سۈرە ئەنفال 46- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[12] سۈرە نىسا 102- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[13] سۈرە نەھل 90- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[14] سۈرە ئال ئىمران 159- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[15] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[16] سۈرە بەقەرە 247- ئايەت.
[17] سۈرە ئال ئىمران 159- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[18] سۈرە قەسەس 26- ئايەت
[19] سۈرە بەقەرە 269- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[20] سۈرە نەھل 125- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[21] سۈرە ئال ئىمران 104- ئايەت.